ئىزوپ مەسەللىرى




# چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

老鼠开会/(古希腊) 伊索著; 阿里木江·阿扎提译.
乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2003.9 (2007.3 重印)
(伊索寓言选)
据沈阳出版社2000年6月第1版2001年3月第2次印刷本选译
ISBN 978 - 7 - 228 - 08333-6

Ⅰ.老... Ⅱ.①伊...②阿...Ⅲ. 寓言—作品集—古希腊—维吾尔语 (中国少数民族语言)
Ⅳ.I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第085820号

责任编辑: 艾合买提·伊明
责任校对: 塞娜瓦尔·伊不拉音
封面设计: 艾克白尔·萨力

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐昊坤彩印有限公司印刷
787×1092毫米 32开本 1.5印张
2003年9月第1版 2008年7月第3次印刷
印数: 10,001—15,000

ISBN 978-7-228-08333-6 定价2.50元

بۇ كىتاب شىنجاڭ نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ
نەشرى، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجى-
مە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

**چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى**

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 No)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 1.5
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىلى 7 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 10,001 — 15,000
ISBN 978-7-228-08333-6
باھاسى: 2.50 يۈەن

# ئات بىلەن ئات باقار

بىر ئات باقار ئېتىنى كۈندە يۇيۇپ - تاراپ تۇرىدىكەنۇ، ئەمما خوجايىن ئاتنىڭ يېيىشى ئۈچۈن بەرگەن قوناقنى ئوغرىلىقچە ئاچىقىپ سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئات كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئات باقارغا:

— سەن چىن كۆڭلۈڭدىن ماڭا كۆيۈنسەڭ، مېنى ئازراق يۇيۇپ - تاراپ، كۆپرەك ئوزۇقلاندۇرغىن! — دەپتۇ.







此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# بۆرە بىلەن قوزىچاق

بىر قوزىچاق ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، بىر بۆرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە ئۆزىنى ناھايىتى بىخەتەر ھېسابلاپ، بۆرىنى بولۇشىغا تىللاپتۇ. بۆرە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مېنى كىمنىڭ تىللاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مېنى تىللاۋاتقىنى سەن ئەمەس، بەلكى ئۆگزە ئىكەن، — دەپتۇ.





# ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان مېكىيان

بىر جۇپ ئەر ـ خوتۇن دېھقان بىر مېكىيان باققان بولۇپ، ئۇ مېكىيان ئۇلارغا كۈندە بىر دانە ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىكەن. ئۇلار « مېكىيانىنىڭ قورسىقىدا چوقۇم يوغان ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن » دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىراق، مېكىيانىنىڭ قورسىقىدىن تېرىقچىلىكمۇ ئالتۇن چىقماپتۇ. بۇ كالۋا ئەر ـ خوتۇن بىراقلا بېيىشنى ئويلاپ، ئاقىۋەت، ئۆزلىرىنىڭ بايلىق مەنبەسىدىن مەھرۇم قاپتۇ.





# چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى

مۈشۈكتىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ئامالىنى تېپىش ئۈچۈن، چاشقانلار ئالاھىدە يىغىن ئېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «مۈشۈكنىڭ بوينىغا بىر قوڭغۇراق ئېسىپ قويايلى، شۇنداق قىلساق، ئۇ مىدىرلىغان هامان بىز شەپىسىنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتەلەيمىز» دېيىشىپتۇ. بىراق، «مۈشۈكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراقنى كىم ئاسىدۇ» دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا ھەممىسى جىمىپ كېتىپتۇ.





# ئېشەك ، خوراز ۋە شىر

ئېشەك بىلەن خوراز بىر يەردە تۇرىدىكەن . بىر كۈنى، ئېچىرقاپ كەتكەن بىر شىر كېلىپ، ئېشەكنى يېمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا خوراز توختىماي قاقىلداپ، شىرنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كېتىپتۇ. شىر ئۇنىڭ قاقىلداۋېرىشىگە چىدىماي كەينىگە يېنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېشەك « مەن ھاڭرىسام ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكۇدەك » دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۆزىچە غەيرەتكە كېلىپ، شىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ شىرنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كېتىپتۇ.



# دېھقان بىلەن تۈلكە

تۈلكە دائىم دېھقاننىڭ باققان قۇشلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەچكە، دېھقان ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تاپىنىغا قادالغان تىكەن دەپ ھېسابلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، تۈلكىنى تۇتۇۋاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا پاختىنى باغلاپ، ئوت يېقىۋېتىپتۇ. تۈلكە ئاغرىققا چىدىماي ئۆزىنى ھەريان ئېتىپتۇ، ئېتىزلىقتا يۈگۈرۈپ كىرىپ، دېھقاننىڭ پىشقان بۇغدايلىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. دېھقان زىياننىڭ تېخىمۇ ئېغىرىنى تارتىپتۇ.



# پادىچى بىلەن ئىت

گۆگۆم چۈشەي دېگەن چاغدا، پادىچى قويلارنى قوتانغا قايتۇرۇپ كەپتۇ ھەمدە بايا ئۆزى تۇتۇۋال- غان بۆرىنىمۇ ئاشۇ قوتانغا سولاپ قويماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئىتى ئۇنىڭغا:

— خوجايىن، بۆرىنى قوي پادىسىغا قوشۇپ قويسىڭىز، قويلار قانداق ساق تۇرىدۇ ؟— دەپتۇ.





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# دوختۇر بولۇۋالغان پاقا

ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان پاقا جاپا چەكمەيلا ھالاۋەتكە ئېرىشىشنى خىيال قىپتۇ ھەمدە ھايۋانلار ئارىسىدا تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تارقىتىپ، ھەرقانداق ھايۋاننىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر تۈلكە ئۇنىڭغا:

—سەن ئۆزۈڭنىڭ توكۇر پۇتۇڭنى ساقايتالماي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ كېسىلىنى قانداق ساقايتالايتتىڭ؟ — دەپتۇ.



# شىمال شامىلى بىلەن قۇياش

شىمال شامىلى بىلەن قۇياش بەسلەشمەكچى بوپتۇ ھەمدە «يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ چاپىنىنى كىم ئەڭ ئاۋۋال سالدۇرۇۋېتەلسە، شۇ ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلانسۇن» دەپ كېلىشىپتۇ. شىمال شامىلى كۈچىنىڭ بارىچە پۇۋلىگەنىكەن، ھېلىقى ئادەم چاپىنىنى سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ چىڭ كىيىۋاپتۇ. قۇياش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئىللىق نۇر چېچىپتىكەن، ئۇ ئادەم چىپىلداپ تەرلەپ كېتىپتۇ ھەمدە چاپىنىنى سېلىۋېتىپتۇ.





# بۇركۇت بىلەن قاغا

بۇركۇت بىر قوزىنى تۇتۇۋېلىپ ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاغىنىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ، بۇركۇت بىلەن بەسلىشىپ باقماقچى بوپتۇ ھەمدە تاغ قاپتىلىدا تۇرغان بىر قوشقارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئۇ شۇنچە كۈچەپمۇ، قوشقارنى مىدىرلىتالماپتۇ، ئەكسىچە، ئۆزى ئۇۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇۋچى ئۇنىڭ قاناتلىرىنى كېسىپ، باللىرىغا بېرىپتۇ. باللىرى:

— دادا، بۇ قانداق قۇش؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇۋچى:

—ئۇ بۇركۇت بىلەن بەسلەشمەكچى بولغان قاپاق باش قاغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# ئىت بىلەن كالا تېرىسى

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بىرقانچە ئىت كۆلچەكتە كالا تېرىسىنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ  ھەمدە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئالالماپتۇ. ئاخىردا، ئۇلار بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ: كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىۋەتمەكچى بوپتۇ! بىراق، كۆلچەكنىڭ سۈيى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.



# مايمۇن بىلەن تۆگە

ھايۋانلار ئورماندا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. مايمۇننىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى ھەممەيلەننى زوقلاندۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ئىچى تارلىقى كەلگەن تۆگىمۇ مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ئۇنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرىدىن بىزار بولغان سورۇن ئەھلى ئۇنى شۇ ھامان سورۇندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.



# بۆرگە بىلەن پالۋان

بىر بۆرگە پالۋاننىڭ پۇتىنى چېقىۋاپتۇ. پالۋان ئۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلالماي، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىلاھىدىن ياردەم تەلەپ قىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، بۆرگە ئۇنىڭ يەنە بىر پۇتىنىمۇ چېقىۋاپتۇ. پالۋان ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا:

— كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىلاھى، مېنىڭ بۇ بۆرگىنى يېڭىشىمگە ياردەم قىلغىن. مەن ئۇنى يېڭەلمەي تۇرۇپ، كۈچلۈك دۈشمەنلىرىمگە قانداقمۇ تاقابىل تۇرالايمەن؟ — دەپتۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com